# كىمكى ئامانەت بىلەن قەسەم قىلسا، بىزدىن ئەمەس

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «كىمكى ئامانەت بىلەن قەسەم قىلسا، بىزدىن ئەمەس»

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۇنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئامانەت بىلەن قەسەم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، چۈنكى ئامانەت بىلەن قەسەم قىلىش، ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلغانلىق بولۇپ، ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش شېرىكتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە: «كىمكى ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ كىشى كاپىر بولدى ياكى شېرىك كەلتۈرگەن بولدى» دېيىلگەن، بۇ يەردىكى شېرىكتىن كىچىك شېرىك مەقسەت قىلىنىدۇ، ئاللاھتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىش ئىنساننى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، لېكىن قەسەم قىلغۇچى قەسەم قىلىنغۇچى نەرسىنى ئۇلۇغلاپ ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئۇنى ئاللاھنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ دېگەندەك ئېتىقاد قىلسا، ئۇ چاغدا چوڭ شېرىك بولىدۇ، بۇ يەردە ئامانەتتىن: ئاللاھ تائالانىڭ ناماز، روزا، ھەج قاتارلىق بەندىلەرگە پەرىز قىلغان مۇھىم ئەمەللىرى مەقسەت قىلىنىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ئوقۇغان نامىزىنىڭ ياكى تۇتقان روزامىنىڭ ياكى قىلغان ھەججىمىنىڭ ھەققى بىلەن دېسە، ياكى بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بىر شەكىلدە: ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرى بىلەن قەسەم دېگەن بولسا، بۇنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان دېگەن پەقەت ئاللاھ بىلەن ياكى ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرەر سۈپەت بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئامانەت ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئەمەس، ئۇ ئاللاھنىڭ بۇيرىغان بۇيرۇقلىرىدىن ۋە بەندىلەرگە قىلغان پەرىزلىرىدىن بىرىدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8964

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee